السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئاخىرىقى قېتىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قارىغان ۋاقتىمدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەردىنى قايرىپ، كىشىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاخىرىقى قېتىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قارىغان ۋاقتىمدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەردىنى قايرىپ كىشىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەينىگە يېنىشقا تەمشىلىۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جايىڭلاردىن قوزغالماڭلار دەپ قول ئىشارىسى قىلىپ پەردىنى چۈشۈرىۋەتتى، ئاشۇ كۈنى دۈشەنبە بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى كەچتە ۋاپات بولدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرىقى قېتىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قارىغان ۋاقىتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆيى بىلەن مەسچىتنىڭ ئارىسىدىكى پەردىنى قايرىپ كىشىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەينىدە سەپ تۈزۈپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى نامازغا چىقىدىكەن دەپ ئويلاپ كەينىگە يېنىشقا تەمشىلىۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئورنۇڭلاردىن قوزغالماي نامىزىڭلارنى تامام قىلىڭلار دەپ بۇيرۇق شەكلىدە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ پەردىنى چۈشۈرىۋەتتى، بۇ دۈشەنبە كۈنى بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى كەچتە ۋاپات بولدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10976

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee